كرىشان چاندر (ھىندىستان)



# سەرگەردان ئاشىق مەشۇقلار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

15
1351.45
2

كرىشان چاندر (ھىندىستان)

# سەرگەردان ئاشىق مەشۇقلار

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت ئىمىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



图书在版编目(CIP)数据
流浪恋人/(印)钱达尔著;艾合买提·伊敏译.
乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.6
ISBN 7-228-05776-7

Ⅰ.流… Ⅱ.① 钱… ② 艾… Ⅲ.长篇小说—印度—现代 Ⅳ.I351.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2000）第 29643 号

责任编辑：帕提古丽·米吉提
封面设计：艾克拜尔·萨里

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码：830001）
新 疆 新 华 书 店 发 行
新 疆 司 法 印 刷 厂 印 刷
787×1092 毫米 32 开本 8.375 印张 2 插页
2000 年 7 月第 1 版 2000 年 7 月第 1 次印刷
印数：1—3060

ISBN7-228-05776-7/I·2152 定价:11.70 元

بۇ كىتاب خۇنەن خەلق نەشرىياتىنىڭ 1986 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1986 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据湖南人民出版社 1986 年 4 月第 1 版 1986 年 4 月第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: پاتىگۇل مىجىت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# سەرگەردان ئاشىق ـ مەشۇقلار

ئاپتورى: كرىشان چاندر (ھىندىستان)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت ئىمىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئەدلىيە باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 8.375 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2000 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1—3060
ISBN7—228—05776—7/I. 2152
باھاسى: 11.70 يۈەن

# بىرىنچى قىسىم

# ئېغىر كۈنلەردە تونۇشۇش

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

نەي ئۇلارغا بۇ دۇنيادا يەتكىلى بولمايدىغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، تەل ـ پۈنۈشلىرىنى، ئەلەملىك ئۈمىد ـ تىلەكلىر ـ رىنى ئەسلىتەتتى. دېمىسىمۇ، ئۇلار شۇ غايىبانە ئىستەكلىرىگە يېتىش يولىدا قانـ چىلىك ئازاب ـ ئوقۇبەت، دەرد ـ ئە ـ لەملەرنى چەكمىگەن دەيسىز.

# 1

ئۆزى تىنىمسىز، گەپلىرى پوڭ ـ پوڭ، ھېچكىمدىن ھېيىقماي، ئۇدۇل كەلگەنگە چاقچاق قىلىپ يۈرىۋېرىدىغان بۇ بەستلىك يىگىتنى خەقلەرنىڭ ھەممىسى جاڭگىلى[①]، دەپ چاقىراتتى. دادىسى ئۇنىڭ تىزگىنىنى ھەرقانچە تارتىپ تۇرسىمۇ، كىچىكىدىنلا ئانىسىز قالغان بۇ يىگىتنى ئۆيگە باغلاپ قويالايدۇ، دەمسىز. ئۇ خۇددى ئىچىدە يادا تاش باردەك بىر يەردە جىم ئولتۇرالمايتتى. دېھقان دادىسىغا ئوخشاش ساپاننىڭ قولى بولۇپ ئۆتۈشنى خالىمىغاچقا، ھەدېسە بىر باھانە تېپىپ دادىسىدىن قېچىپ يۈرەتتى.

ئۇنىڭ كەنتى جايلاشقان تاغ باغرىنىڭ ئۈستىدە قويۇق ئورمانلىق، ئاستىدا ئۇزۇن بىر تاشيول بار ئىدى. جاڭگىلىنىڭ شۇ ئورمانغىمۇ، تاشيولغىمۇ مېھرى كۆچلۈك ئىدى. كۈندۈزلىرى ئورماندا يۈرەتتى، ئورماننىڭ ھەممە يېرىنى خۇددى شەھەرلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ كوچا، رەستىلىرىنى بىلگەندەك پىششىق بىلەتتى. ئۇ ھەرقانداق توشقاننىڭ ئۇۋىسىنى تاپالايتتى، بۆكەننىڭ ئىزىنىمۇ ئىلغا قىلالايتتى، ھەتتا چۈشلەردە بۇلاق بېشىغا يولۇاس كېلىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى؛ پۈتۈن ئەتراپ يېشىل كىمخابقا چۈمكەلگەن، رۇخسىگۈللەر تارتىن-

---

① جاڭگىلى — جاڭگاللىق، ياۋايى دېگەن مەنىدە.

غان هالدا كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا ناز بىلەن كۆز تىكىۋاتقان چاغلاردا، ئېيىقلارنىڭ ئۆڭكۈردىن چىقىپ، قارىغايلارغا يامى- شىپ ئۆسكەن شۇڭقلاردىن مارجاندەك ساڭگىلاپ تۇرغان شىر- نىلىك ئۈزۈملەرنى، يەنە ياڭاقلارنى، بال ـ ھەسەللەرنى يېگى- لى كېلىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى.

ئايدىڭ كېچىلەردە، بۇغا ـ مارالالار چىمەنزار تاغ باغرى- دىكى كائىنات دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئۆزىدىكى ئىپارنىڭ خۇش پۇرىقىدىن مەست بولغان ھالدا خۇددى ئۇسسۇلغا چۈش- كەندەك ئويناقشىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا، جاڭگىلى قان- داقتۇر بىر غەشلىككە چۆمۈپ ئىختىيارسىز ھالدا نەي چې- لىشقا باشلايتتى. ئۇ كەنت بويىچە ئۇستا نەيچى ئىدى. ئاي- دىڭ كېچىلەردە ئورماندا تۇرۇپ نېيىنى ياڭراتقاندا، بەزىلەر ئۇيقۇسىدىن ئاستا ئويغانسا، بەزىلەر پاراڭلىرىنى توختىتىپ ياكى غىزالىنىشتىن توختاپ نەي ئاۋازىغا قۇلاق سالاتتى. چۈن- كى، نەي ئاۋازى ئۇلارغا بىرى كۆڭۈل كويىنى ئىزھار قىلىۋات- قاندەك بىلىنەتتى، ئۇلارغا بۇ دۇنيادا يەتكىلى بولمايدىغان ئار- زۇ ـ ئارمانلىرىنى، تەلپۈنۈشلىرىنى، ئەلەملىك ئۈمىد ـ تى- لەكلىرىنى ئەسلىتەتتى. دېمىسىمۇ، ئۇلار شۇ غايىبانە ئىس- تەكلىرىگە يېتىش يولىدا قانچىلىك ئازاب ـ ئوقۇبەت، دەرد- ئەلەملەرنى چەكمىگەن دەيسىز.

ئادەتتە ئۇنىڭ دادىسىغا، بالاڭنى ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى- غا سالالمايسەن، دەپ تاپا قىلىدىغان كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ نېيىنى ئاڭلىغاندا ئۇنى دەررۇ كەچۈرۈۋېتەتتى. ئەلۋەتتە، جاڭگىلى ئۇنچىلىك يارامسىز يىگىتمۇ ئەمەس، دادىسى ئاغرىپ قالغان چاغلاردا ئېتىزنىڭ پۈتۈن ئىشىنى ئالدىغا تارتىپ ئىشلەۋېرەت- تى، يەنە ئورماندىن ئوتۇن ئەكېلەتتى، ئۆكۈزلىرى ئۈچۈن

خەتەرلىك جايلارغا چىقىشتىنمۇ قورقماي، ئوت - چۆپنىڭ ئوبدان، يۇمرانلىرىدىن ئۈزۈپ كېلەتتى. ئورماندىن ھەسەل، ياۋا ياڭاق، چېقىر ئۈزۈملەرنى يىغىپ كېلىدىغىنىمۇ يەنە شۇ ئىدى. كۆز كۈنلىرى شاخ - شۇمبىلارنى ئەكېلىپ ئۆگزىگە ياپاتتى، ئۈستىدىن لاي سالاتتى، شۇڭا ئۆيدىن ھەرگىز تامچە ئۆتمەيتتى.

قىش كېلىشى بىلەنلا ئىدىر، داللار قار بىلەن قاپلىناتتى. قىش تۇمانلىرى ئېتىز - ئېرىقلاردىن تارتىپ، يىراق - يىراقلارغا سوزۇلغان دەرەخلەرنىڭ يالىڭاچ شاخلىرىغىچە مۇز - قىرودىن ئىزىنى سېلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. مۇشۇنداق چاغلاردا، جاڭگىللى كەنتتىن چىقىپ بىر قىيا تاشنىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇراتتى - دە، لىنتىدەك سوزۇلۇپ ياتقان تاشيولغا كۆز تىكەتتى. بۇ تاشيولنى ئاق قار بىلەن قاپلانغان داللاردىن ئۆتۈپ، يىلبويى قار كۆرمەيدىغان ئاللىقانداق بىر شەھەرگە تۇتىشىدىغاندەك كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا، ئۇ شەھەر كۈندۈزلىرى ئالتۇندەك قۇياش نۇرىدا جىلۋىلەنسە، كېچىلىرى كۈمۈش رەڭ چىراغلارنىڭ نۇرىغا بۆلىنىپ ياتاتتى. جاڭگىللىنىڭ كەنتىدە تۆت ئەدىيال يېپىنمىسا ئادەم ئۆزىنى ئىسسىتالمايدىغان قاتتىق سوغۇق بولاتتى. ھالبۇكى، ئۇ بىرلا ئەدىيالنى يېپىنىپ كېچىچە جاقىلداپ تىترەپ چىقاتتى. لېكىن، ئۇ شەھەردە ئادەمنى تاتلىق ئۇخلىتىدىغان ئىسسىق، يۇمشاق يوتقان - كۆرپىلەر بار ئىدى.

جاڭگىللى ناھايىتى ساغلام يىگىت، ئۇنى قەھرىتان سوغۇقمۇ قورقۇتالمايتتى. لېكىن، دادىسى سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. بەزىدە دادىسىنىڭ سوغۇقتىن چىشلىرى كاسىلداپ، پۇت - قوللىرىنىڭ ئۇيۇشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندە

ئۇ ناھايىتى ئازابلىناتتى، دەرھال ئاشۇ شەھەرگە بېرىپ بىر
يىپەك يوتقاننى كۆتۈرۈپ كېلىپلا مازلىرى چۈۋۈلۈپ كەتكەن
ئەسكى كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ياتقان دادىسىنى بېشىدىن ئايىغىد-
-چە چۈمكەپ قويغۇسى كېپكېتەتتى. لېكىن، جاڭگىلىمۇ
كەنتتىكى نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش، جازانىخورغا قەرزگە
بوغۇلۇپ نامراتچىلىقتا ئۆتۈۋاتقاچقا، ئۇ ئارزۇسى تاتلىق خى-
-يال پېتى قالىۋېرەتتى.

راستىنى ئېيتقاندا، بۇ جاڭگىلىنىڭ تاتلىق خىيال سۈرى-
-دىغان ۋاقىتلىرى ئىدى. بۇنداق چاغلاردا، ئادەمگە ھەرقانداق
ئازاب - ئوقۇبەتمۇ تەسىر قىلالمايدۇ. ئەسلىدىمۇ ھېچكىمدىن
ھېيىقمايدىغان بۇ تۆرگۈن يىگىت دادىسىدىنمۇ قورقمايتتى،
بايلاردىنمۇ قورقمايتتى، ھەر كۈنى ئۆيگە كېلىپ ئۆزلىرىگە
تاماق ئېتىپ بېرىدىغان ھامما ئاچىسىدىنمۇ قورقمايتتى. ئالد-
-ىپ قاراپ سالسا، دەررۇ بالا - قازاغا ئۇچرايمىز، دەپ ھەممە
ئادەم بۇ خوتۇندىن قورقۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن جاڭگىلى قورق-
-مايتتى. دەرۋەقە، يىرتقۇچ ھايۋانلاردىنمۇ قورقمايدىغان يى-
-گىت ئادەمدىن قورقىدۇ دەمسىز!؟

ئۇنى ھېچكىمدىن قورقمايدۇ دېدۇق. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ
قورقىدىغانلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇ كەنتتىكى چىرايلىق قىزلاردىن
قورقاتتى. راست، شۇ قىزلارنىڭ بۇلاقتەك ئويناق كۆزلىرى
ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دەيدىغاندۇ - ھە؟ باشلىرىدىكى سۇ كومزى-
-كىنىڭ سالمىقىدىن تولغىنىپ كېتىۋاتقان ئەۋرىشىم بەللەر
ئۇنىڭغا نېمىلەرنى ئىما قىلىدىغاندۇ؟ بۇلاق بېشىغا سەپ تار-
-تىپ كېتىۋاتقان قىزلار ئۇنى كۆرگەندە نېمىشقا كۈلۈمسىرى-
-شىدىغاندۇ؟ تېخى بىر - بىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا كۇسۇرلىشىپ،
پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشلىرىچۇ! بۇنداق چاغلاردا، پۈتۈن جا-

هان ھەرە ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قالغاندەك، جاڭگىلىنىڭ قۇلىقى غۇڭۇلداپ كېتەتتى، نېمە قىلىشىنى، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالاتتى. شۇ تۇرقى ئۇ ئادەم ئەمەس، خۇد-دى قېقىپ قويغان قوزۇقنىڭ ئۆزى ئىدى. قىزلارنىڭ مازاق كۈلكىسى بارغانسېرى ئەدىگىلى تۇرغاندا، ئۇ خۇددى ئۆزىگە سان - ساناقسىز ساداق ئوقى ئۇچۇپ كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ ئورمانلىققا قېچىپ كىرىپ كېتەتتى.

— جاڭگىلى...

قىزلار ئۇنىڭ كەينىدىن قىقاس سېلىپ قالاتتى.

— ھەي ياۋايى، ياۋايى!...

ھىندى كالىندارى بويىچە 1 - ئاي. ئىللىق قۇياش زېمىنغا سېخىيلىق بىلەن نۇرىنى سېپەتتى. ھاۋا شۇنداق يېقىملىق. جىلغىدىكى قار - مۇزلار ئېرىپ تۈگەپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يېشىل ئوت - چۆپلەر قاپلىغان، سۇۋادان تېرەكلەر سان - ساناقسىز يوپۇرماقلار بىلەن بېزەلگەن، ئامۇتلارنىڭ شاخلىرى ئاقۇچ رەڭ چېچەكلىرىنىڭ جىقلىقىدىن ئېگىلىپ كەتكەن، ئەتراپ خۇش پۇراققا چۆمكەلگەن مەزگىل ئىدى. جاڭگىلى كۆندىكى ئادىتى بويىچە پالتىسىنى ئېلىپ ئوتۇن كەسلىگىلى ماڭدى.

تاغ باغرىدىكى تاشيولنىڭ بويىدا گەنگونىڭ چايخانىسى بار ئىدى. بۇ چايخانا قوۋزاقلىرى چالا ئاقلانغان قارىغاي ياغى-چىدىن ياسالغانىدى. چايخانىنىڭ ئىچىدىن نەم تۇپراقنىڭ ھى-دى ۋە دۇۋرىقاينىڭ خۇش پۇرىقى كېلەتتى. بۇ يەردىن ئۆتىدى-غان شوپۇرلار ۋە ھامماللار بۇ چايخانىغا بەك ئامراق ئىدى.

گەنگو — بۇ تاغلىق ئادەم بەك ئوچۇق - يورۇق ئىدى.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

چايخانىسىغا سۈتنىڭ يېڭىسىنى، چاينىڭ ئوبدىنىنى ئىشلە-
تەتتى. يېمەكلىكلىرىمۇ تاتلىق، سۆزىمۇ تاتلىق ئىدى. باھادا
ئادىل، ئۆزى سەممىي، قاراتوغرا بولغاچقا، شوپۇرلار ئۇنى
شەھەردىكى هارامزادە دۇكاندارلارغا قارىغاندا ئەۋلىيا بىلەتتى.

جاڭگىلى بۇ چايخانىغا ھەر كۈنى بىر باغلام ئوتۇن ئەكې-
لىپ بېرەتتى، ھەر باغلىمىغا يازدا ئۈچ ئەننا، قىشتا تۆت ئەننا
پۇل ئالاتتى، يەنە بىر پىيالە سۈت چاينى ھەقسىز ئىچەتتى.
گەنگو ئۇنىڭغا بەزىدە پۇرچاق ئۇنىدىن قىلىنغان چەلپەك، بە-
زىدە تاتلىق - تۇرۇملاردىن بېرەتتى. جاڭگىلى بولسا، بۇنىڭ
ھېسابىغا ئوتۇننى جىق - جىق باغلاپ ئەكېلەتتى. باشقىلار-
نىڭ بۇنداق يوغان باغلام ئوتۇنغا ھېچبولمىغاندا ئالتە ئەننا
بەرمىسە ئۇنىمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان گەنگو ئۇنىڭ-
دىن بەك رازى بولۇپ كېتەتتى. ئىككىلا تەرەپ بىر - بىرىدىن
رازى بولغاچقا، بۇ سودىنى باشقا ئوتۇنچىلار ھەرگىز تارتىۋا-
لالمايتتى.

ئادەمنى ئىختىيارسىز ناخشىغا ئۈندەيدىغان بىر گۈزەل
سەھەردە جاڭگىلى ئورمانغا ماڭدى. يەردىكى شەبنەم باسقان
ئوت - چۆپلەر ئۇنىڭ تاپىنىنى يەڭگىل غىدىقلايتتى. ئۇ كېتى-
ۋېتىپ پالتىسىنى ئۆشنىسىگە تاشلىدى - دە، نەي چېلىشقا
باشلىدى. بۇلاق بېشىدا سۇ ئېلىۋاتقان قىزلار نەپەسلىرىنى
ئىچىگە يۇتۇپ جىممىدە بولۇشتى. توۋا، بۇ نەي ئاۋازى قىز-
لارنىڭ يۈرىكىگە نېمانچە تېگىدىغاندۇ؟ نەي ئاۋازى شۇ تاپتا
ئۆزلىرىنىڭ جاھاندا مەۋجۇتلۇقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان ئۇ ناتى-
ۋان قىزلارنى سۈدىن ئېلىپ ئۇتقا تاشلىدى. كۆكلەم بىخلىرى
خۇددى ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى يېرىپ چىقىپ، باھار چېچەكلىرى
ئۇلارنىڭ كۆكسىدە بەرق ئۇرغاندەك بىر ھال يۈز بەردى. ئاھ،

بۇ گۈزەل كۆينى ئاڭلىغان قىزلارنىڭ كومزەكلىرىنى كۆتۈ-
رۈشكە قانداقمۇ ھەپىسلىسى قالسۇن؟!

— جاڭگىلى، بۇياققا كېلىپ كومزەكنى بېشىمغا ئېلىپ
قويغىنا!

جاڭگىلى نېيىنى چېلىشنى توختاتتى. ئۇنى توۋلىغان كەنت باشلىقىنىڭ قىزى ئىدى. ئالتۇندەك سېرىق چاچلىق، يوغان كۆزلۈك، لالەرەڭ لەۋلىرى نېپىز كەلگەن بۇ قىز ئەۋرى-شىم بېلىنى يادەك ئەگكىنىچە، بىر قولىدا كومزەكنى تۇتۇپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولىنى جاڭگىلىغا پۇلاڭلاتتى. جاڭگىلى ئۇنىڭغا ھاڭۋاقىنىچە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— بېرى كەلسەڭچۇ! — ئۇ قىز ئۇنى ناز بىلەن چاقىردى، لېكىن جاڭگىلى قوزغالمىدى.

— مەيەرگە كېلىپ كومزەكنى بېشىمغا ئېلىپ بەرگىنە، جاڭگىلى!

جاڭگىلى كەينىگە بۇرۇلۇپلا ھەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولدى.

قىزنىڭ ئېگىلگەن قەددى خۇددى بىر يانى ھاسىل قىلغان، ھالبۇكى ئۇ يادىن ئېتىلغان ئوق نىشانغا تەگمىگەنىدى. ئۇ كېرىلىپ بېلىنى رۇسلىغاندا، ئۇ يادىن قارسىلدىغان ئاۋاز چى-قىپ كەتكەندەك بولدى. قىز بارلىق ئەلەمىنى بۇلاقتىن ئالدى، خۇددى يېنىدىكى قىزلارنىڭ شوخ كۈلكىلىرىنىڭ بىلىگە تەپ-كەندەك، سۇنى تېپىپ چاچرىتىۋەتتى.

— ۋۇ بېشىڭنى يەيدىغان جاڭگىلى، شۇنداقمۇ ياۋايى بولامدىغان! — قىز شۇنداق دېدى - دە، كومزەكنى بېشىغا ئېلىپ قىزلار بىلەن كەنتكە قاراپ ماڭدى.

چېكىلىرىگە ئالما چېچىكى قىستۇرۇۋالغان بۇ قىزلارنىڭ

پۈتلىرىغا ھېلىدىن - ھېلى سوقۇلۇۋاتقان شېغىل تاشلار خۇد-
دى يۈرەكلىرىگە تەگكەندەكلا بىلىنەتتى. ھەممىسىلا ئاجايىپ
ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمۈپ خىياللىرىنى يىغالماي قالاتتى ۋە
ئەتراپقا ئۈمىدسىز نەزەر بىلەن تىكىلگىنىچە، كۆڭلىدە: «ئە-
جەبا، بۇ نەس ئەتىياز بىزنى قىيناش ئۈچۈنلا كەلگەن بولغىيمى-
دى» دەپ نىدا قىلاتتى.

## 2

كۆن قىيىلغان چاغ بولدى. جاڭگىلى يەنىلا كاتو دەرىخى-
نى كېسىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ساپان سۇنۇپ كەتكەچكە،
دادىسى ئۇنى ساپان ياساشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان قاتتىق ياغاچ-
تىن ئەكېلىشكە بۇيرۇغانىدى. ئۇ يىلتىزىنى قىزىل چۈمۈلىلەر
يەۋەتكەن بىر كاتو دەرىخىنى تاللىۋالدى. بۇ دەرەخ بەك قاتتىق
ئىدى. جاڭگىلى ئۇنى كەسكۈچە چىلىق - چىلىق تەرلەپ
كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىدە ھارغىنلىق سەزمىدى. قاتتىق
ئىشلەش ئۇنىڭغا كۆڭۈللۈك بىلىنەتتى. ئۇنىڭدىن يۇمشاق-
راق، بەزىلىشەڭگۈ قارىغاي ياغىچىنى كېسىشكە خۇشى يوق
ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قارىغاي ساپان ياساشقا يارىمايتتى.
جاڭگىلى پالتىسىنى پۇلاڭلىتىپ بىر ئۇرۇۋىدى، پالتا دە-
رەخنىڭ بىر ئاچىمىقىغا سانجىلىپ قالدى. ئۇ پالتىنى چىقى-
رىش ئۈچۈن كۈچەۋاتقاندا كەينىدىن بىر قول ئۇنىڭ يەلكىسى-
نى تۇتتى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ھامما ئاچىسىنى كۆردى.

— نېمە؟

— داداڭنى يىلان چېقىۋاپتۇ! — دېدى ھامما ئاچىسى ۋە

يەرگە موكلا ئولتۇرۇپ يىغلاپ كەتتى. جاڭگىلى بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى، كېيىن دەررۇ ئېسىنى تاپتى ـ دە، پالتىسى بىلەنمۇ كارى بولماي، ئۇدۇل كەنتكە قاراپ يۈگۈردى. ھامما ئاچىسى بولسا، پوتلا ـ يېشىنى ئاقۇزۇپ قالدى.

— دادا! دادا! — ئۇ ۋارقىرىغىنىچە كەنتكە كىرگەندە چىرايىنى قايغۇ باسقان يۇرتداشلىرى ئۇنىڭغا يول بېرىشتى. ئۇ غەمكىن ھالدا سورىدى:

— دادام قەيەردە؟

— بىداچىنىڭ ئۆيى ئالدىدىكى ئامۇت دەرىخىنىڭ تۈۋىدە، — دېدى بىر كەنتدىشى.

جاڭگىلى قۇچىقىنى ئاچقىنىچە:

— دادا، مەن كەلدىم، دادا! — دەپ ۋارقىراپ بىداچىنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ ئاۋازى بوراندەك ياڭرايتتى، ۋاھالەنكى بۇ ئاۋاز ئەزرائىلنى چۆچۈتەلمەيتتى.

جاڭگىلى ئامۇت دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى تۆپىلىككە ياتقۇزۇپ قويۇلغان، كۆكىرىپ، ئىششىپ كەتكەن جەسەتنى كۆرۈپ، ئېتىلىپ بارغىنىچە ئۆزىنى ئۇستىگە تاشلىدى.

— دادا! ۋاي، بۇ نېمە قىسمەت، دادا!

جاڭگىلى ئۆزىگە ئاتىلىقىنىمۇ، ئانىلىقىنىمۇ يەتكۈزگەن بۇ دادىنىڭ قەدرىگە تازا يېتەلمىگىنىگە ئۆكۈندى. ئۇ دادىسىنى مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك، مەڭگۈ تىرىكچىلىق قىلىپ ئۆزىگە ئاش ـ نان تېپىپ بېرىدىغاندەك ئويلىغان، ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە مانا ئۇ ئۆلۈپ تۈگىگەنىدى.

— مەن باشقا كەنتكە كېتىپ قاپتىمەن، — دېدى مۇشىر ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئېيتىپ، — ئەگەر ئۇلگۈرۈپ كېلەلىگەن بولسام، ئەپسۇن ئوقۇپ، ھۆرۈپ بولسىمۇ داداڭنى قۇتۇلدۇ-

رۇۋالغان بولاتتىم. لېكىن، باشقا كەنتكە كېتىپ قاپتىمەن. ئەگەر ۋاقتىدا. . . ئەگەر ۋاقتىدا. . .

ئەگەر؟ ئەگەر مۇشىر ۋاقتىدا ئۇلگۇرۇپ كېلەلىگەن بولسا. . . ئەگەر يامغۇر ياغمىغان بولسا. . . ئەگەر قەھەتچىلىك يۈز بەرمىگەن بولسا. . . ئەگەر جازانىخورغا قەرزگە بوغۇلمىغان بولسا. . . ئەگەر ئوغۇل ئۆيلەيدىغان ئىش بولمىغان بولسا. . . ئەگەر؟ ئەگەر؟ كەمبەغەللىنىڭ ھاياتى مۇشۇنداق «ئەگەر، ئەگەر» دەپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. «ئەگەر» بولمىسا، پەقەت «شۈكۈر» دەپ ئۆتىدۇ، خالاس.

جاڭگىلى دادىسىنى ئۆيىگە يۈدۈپ ئەكېتىۋېتىپ چوڭقۇر خىيال قاينىمىغا كىرىپ كەتتى.

راست، بىر چاغلاردا دادىسىمۇ ئۇنى مۇشۇنداق يۈدىگەن، يۈدۈپ بازارغا ئاپارغان، ئۇ يەردە ئۇنىڭغا چىرايلىق بىر پىچاق ئېلىپ بەرگەن. پىچاقنى ئۆزلۈكىدىن ئېلىپ بەرمىگىنىمۇ راست، ئۇ ئەپىبىرىسەن دەپ تۇرۇۋالغان. ئۇ پىچاقنى ئۇ ھازىرغىچە يېنىدىن ئايرىماي كېلىۋاتىدۇ. بازار دېگەنمۇ كۆڭۈللۈك بولىدىكەن. تاغ قىزلىرى ساددا ياسىنىۋالغان، شەھەردىن كەلگەنلەر بولسا يۈزۈر كىيىنىۋالغان. ھېلىقى گۈلەڭگۈچىنىڭ پەيزىلىكىچۇ، تېخى. . .

ئۇ كۈنى دادىسىنىڭ ئاغىنىلىرى بىر يەردە ھاراق ئىچىشىۋاتقانىكەن. ئۇلار جاڭگىلىنىڭ دادىسىنى ھاراققا زورلىدى، لېكىن مۇشۇ دادا: «مەن ئوغلۇمنى ئەكەلدىم. ئۇنى يەنە كۆتۈرۈپ ئۆيگە ساق- سالامەت ئەكەتمىسەم بولمايدۇ، شۇڭا ھاراق ئىچمەيمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ كىشىلەر خېلى مەست بولۇشۇپ قاپتىكەن. شۇ گەپ بىلەنلا قىزىرىشىپ، جاڭگىلىنىڭ

دادىسى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇشۇپ كەتتى.

بازار تارقىغاندىن كېيىن مۇشۇ دادا يەنە بالىسىنى يۇدۇپ كېتىۋېتىپ: «مەن ئوغلۇمنى ھەرگىز يارامسىز قىلىپ قويمايمەن، ھەرگىز ساپاننىڭ قۇلى قىلىپ قويمايمەن. ئوغلۇم چوڭ بولغاندا كاتتا ئادەم بولىدۇ، شەھەرگە بېرىپ ئوقۇپ، مەلۇماتلىق بولۇپ، ئەپەندى بولىدۇ. راست، ئوغلۇم چوقۇم ئەپەندى بولىدۇ» دەپ يول بويى ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ كەتكەن ئەمەسمىدى. بازاردىن ئۆيگە قايتقۇچە دادىسى ئۇنى يۇدۇپ، تاغقىرلاردىن ئېشىپ مانا مۇشۇنداق نىيەت قىلغان، ۋاھالەنكى بۈگۈنكى كۈندە قاراتۇرك ئوغلى شۇ دادىنى يۇدۇگىنىچە دەپنە گۈلخانىغا ئەكېتىۋاتىدۇ.

«ئاھ، دادا! شۇ چاغدا هاراق ئىچكەن بولساڭ نېمە بولۇپ كېتەتتى. ھامىنى بىتەلەيىنىڭ بالىسى بىتەلەي بولىدىكەنغۇ. شۇ كۈنى سەنمۇ ئىچىپ قويغان بولساڭ، ئاغىنىلىرىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالمىغان بولاتتىڭ، كۆڭلىرىڭمۇ غېرىبلىقتا ئۆتمەيتتى. كەمبەغەلگە خۇدامۇ يار بولالمايدىكەن، بىز ھامان شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن نېرى بولالمايدىكەنمىزغۇ»...

جاڭگىلى ئۆيگە كېلىپ دادىسىنى پاخالغا ياتقۇزدى. شۇ ئەسنادا ھامما ئاچىسىمۇ كېلىپ، يىغلامسىرىغىنىچە ئۇنىڭغا غەم تاشلىغىلى تۇردى:

— ئۆيدە ھېچنېمە يوق. گۈلخان ياقىدىغان ياغاچلارغا سۇرتىدىغان كالا مېيىنى نەدىن تاپارمىز؟ گانگېنىڭ مۇقەددەس سۈيىنى بىزگە كىم ئەكېلىپ بېرەر؟ يەنە كامفورىنى نەدىن تاپقۇلۇق؟

— ۋايتاڭ، مەنمۇ بىلمىدىم، — دېدى جاڭگىلى بېشىنى چايقاپ.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.c